بالىلار ناخشىلىرى قەلئەسى

# گۈزەل يايلاق

يۈ ۋېنشېڭ ئەسەرلىرى



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

责任编辑：雄卡尔江·库尔班
责任校对：古丽巴哈尔·托合塔木
装帧设计：热依汗古丽·依不拉音

儿歌城堡

**美丽的草原**（维吾尔文）

于文胜 著

新疆美术摄影出版社
新疆电子音像出版社 出 版

乌鲁木齐市西虹西路 36 号 邮政编码：830000
（出版物研发营销中心 电话：0991–7910393）
新疆新华书店发行 新疆新华华龙印务有限责任公司印刷
787 mm × 1092 mm 32 开 2.125 印张
2008 年 12 月第 1 版 2009 年 1 月第 1 次印刷

ISBN 978–7–80744–547–0 定价：6.20 元

مەسئۇل مۇھەررىرى: شۆھرەت قۇربان
مەسئۇل كوررېكتورى: گۈلباھار توختەم
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: رەيھانگۈل ئىبراھىم

بالىلار ناخشىلىرى قەلئەسى

# گۈزەل يايلاق

## ئاپتورى: يۈ ۋېنشېڭ

---

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى نەشر قىلدى
ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى №36 پوچتا نومۇرى: 830000
(تارقىتىش بۆلۈم تېلېفونى: 7910393 ـ 0991)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى
شىنجاڭ شىنخۇا خۇالۇڭ مەتبەئەچىلىك شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 787mm × 1092mm 1/32 باسما تاۋقى: 2.125
2008 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى 2009 ـ يىلى 1 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
ISBN 978-7-80744-547-0

---

باھاسى: 6.20 يۈەن

www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە


گۈزەل يايلاق ........................................ 1
بوۋام ئاتلىق قوي باقار ........................................ 2
سوۋغا ........................................ 3
ئورمان ناخشىسى ........................................ 4
قارلىغاچ ........................................ 5
بىلىش كېرەك ........................................ 6
نېمىشقا؟ ........................................ 7
كۆمۈرنىڭ بايانى ........................................ 8
بۇغدا كۆلى ........................................ 9
دەريا سۈيى ........................................ 10
كۆۋرۈك ........................................ 11
سۇۋادانىنىڭ جاۋابى ........................................ 12
مېتېئورىتىنىڭ تاشقا ئېيتقىنى ........................................ 13
چۈجە خورازلار ........................................ 14
سۈرەت ئاپپاراتى ........................................ 15
دورىمايمەن قۇش باللىرىنى ........................................ 16
مېكىيانچاق تۇخۇم تۇغدى ........................................ 17
ئورمان ........................................ 18
كۈز ياپراقلىرى ........................................ 19
سىم-سىم يامغۇر ........................................ 20
چوڭ ئاق غاز ........................................ 21
بىر گۈل باركى ........................................ 23
دېڭىز دولقۇنى ........................................ 24
كۆۋرۈك ........................................ 25

كۆچەتلەر ........................ 26
كىچىك دوستلار ھىممىتى ........................ 27
ھەسەل ھەرىسىگە ........................ 28
ئالا كۇچۇك ........................ 29
بۇلۇتلار ........................ 30
كىرپە ........................ 31
خېمىر قونچاق ........................ 32
سىم-سىم يامغۇر ........................ 33
ئۇياتسىز ئۆچكە ........................ 34
يامغۇر ........................ 35
كۇلكىلىك ئەينەككە ........................ 36
شارقىراتما ........................ 37
مۇز گۇللىرى ........................ 38
رەڭلىك قەلەملەر ........................ 39
دادامنىڭ بولقىسى ........................ 40
قىش بوۋاينىڭ جازاسى ........................ 41
گۇلزار ناخشا ماكانى ........................ 42
ياستۇقۇم ........................ 43
ئاپتاپپەرەس ........................ 44
شامال ........................ 45
ئوبدان بالا ........................ 46
توز ........................ 47
كۇچ - بىرلىكتە ........................ 48

www.uyghurkitap.com


سۈپۈرگە يۇلتۇز ........................ 49

يۇلتۇزلار ........................ 50

تاماق تاللىماڭ ........................ 51

ئەخمەت تاغقا ياماشتى ........................ 52

قىش پەسلىدە دەرەخكە ........................ 53

قوزىچاق ........................ 54

ھەسەن-ھۈسەن ........................ 55

ئەينەك ........................ 56

ئاي ھەدە ........................ 57

سېرىق ياپراقلار ........................ 58


پەسىل ناخشىسى ........................ 59

يەلكەن ........................ 60

# گۈزەل يايلاق

گۈزەل يايلاق، گۈزەل يايلاق،
ئوخشار گويا گىلەمگە.
سان - ساناقسىز گۈل - چېچەكلەر
تاشلار ئاڭا كۆلەڭگە.


توپ - توپ سېمىز كالا - قويلار،
ئۇندا خۇشال يايلايدۇ،
ئاتىلارنىڭ قامچىسىدىن
گۈزەل ناخشا ياڭرايدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى

# بوۋام ئاتلىق قوي باقار

كۆك ئاسماندا ئاق بۇلۇتلار ئەگىيدۇ،
توپ ـ توپ قويلار يايلاقلاردا سەگىيدۇ.
قويلار ئوخشار كۆكتىكى ئاق بۇلۇتقا،
ئاق بۇلۇتتەك تۇتىشىدۇ ئۇيۇققا.
بوۋام ئاتلىق ھەيدەپ ماڭار ئۇيۇقنى،
شامال ھەيدەپ ماڭغان كەبى بۇلۇتنى.



# سوۋغا

كىچىككىنە كۆچىتىم يېشىل ياپراق چىقىرىپ،
تاڭ نۇرىدا تاۋلاندى سوزۇپ ماڭا بويىنىنى.
قويدەك ئاپئاق بۇلۇتلار ئۈزۈپ ئوينار ئۈستىدە،
سوۋغا بولۇپ ئۇ ئاچتى ماڭا باھار قوينىنى.

نېمە سوۋغا قىلسام خوپ گۈزەل باھار ئاچامغا،
بولدى، بولدى، چۈشەندىم ئېسىل سوۋغا دېگەننى.
ماڭدىم دەرھال ئوتاشقا، سۇغىرىشقا كۆچەتنى،
ئېلىپ دەرھال قولۇمغا چېلەك بىلەن كەتمەننى.




www.uyghurkitap.com

# ئورمان ناخشىسى

ئېرىقلار شىرىلدايدۇ،
يىلتىزلارغا جان بېرىپ.
دەرەخلەر ئېگىزلەيدۇ،
ياپراقلارغا قان بېرىپ.

قۇشقاچلار ۋىچىرلايدۇ،
باھار باشلاپ شاخلارغا.
شاخلار يېشىل كىيىنىپ،
بوي سوزار يىراقلارغا.

سۇلار ئاقىدۇ سايدا،
ئىككى يېقى گۈل - چىمەن.
قۇشلار سايرار شادىمان،
باللىرى بەك تىمەن.





# قارلىغاچ

قارلىغىچىم كەلدى ئۇزاق يول يۇرۇپ،
كىچىككىنە قايچىسىنى كۆتۇرۇپ.
ئۇيان ئۇچتى - بۇيان ئۇچتى مۇكىدەك،
ئۇنداق كېسىپ - بۇنداق تىكىپ پۇتكۇزدى،
باھار ئۇچۇن بەكمۇ رەڭدار بىر كۆڭلەك.

ھەي قارلىغاچ، قارلىغىچىم، ئۆتۇنەي،
ئۆگىتىپ قوي ماڭا كىيىم تىكىشنى.
مۇئەللىمنىڭ كىيىملىرى كونىراپ،
رەڭگى ئۆڭگەن، مەن ئويلىدىم يېڭىدىن.
ئاڭا بىرقۇر كىيىم تىكىپ بېرىشنى.

www.uyghurkitap.com


# بىلىش كېرەك

قانىتى بار نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى،
ئۇچالىشى ناتايىندۇر ئاسماندا.
ئىشەنمىسەڭ تۆگىقۇشقا قاراپ باق،
يەردە چاپار قانىتىنى قاققاندا.

بەزىلەردە ئۆتكۈر مېڭە تۇرۇپمۇ،
پۈتۈن كۈننى ئويۇنغىلا ئاتايدۇ.
بىلىش كېرەك: يوقتۇر ياخشى ئاقىۋەت،
ئويۇن بىلەن ھېچكىم روناق تاپمايدۇ.



# نېمشقا ؟




سوراپ قالدى بىر چىۋىن بال ھەرىدىن گىڭىلداپ:
«جاۋاب بەرگىن، جامائەت ساڭا ئامراق نېمىشقا ؟
نېمە ئۈچۈن ھەممىسى ئۇرار مېنى كۆرگەن ھامانلا،
تۇتۇش قىلار ئالدىراپ پالاق بىلەن ئۇرۇشقا ؟»
بال ھەرىسى چىۋىنگە جاۋاب بەردى مۇنداق دەپ:
«چۈنكى مېنىڭ دوستلىرىم
گۈل - گىياھتۇر، چېچەكتۇر.
سېنىڭ بولسا ئەڭ مەينەت،
ئەخلەت، گەندە، تېزەكتۇر. »

ئۇيغۇر كىتاب تورېكىتى
www.uyghurkitap.com

# كۆمۈرنىڭ بايانى

مەيلى مېنى قارا دەپ سۆكسۈن،
مەيلى مېنى كۆرۈمسىز دېسۈن،
ئاڭلىمايمەن بۇنداق گەپلەرنى،
خىسلىتىمنى كۆيگەندە كۆرسۈن.
مېنى سېلىپ ئوچاققا ـ پېچقا،
يالقۇنىمدىن كۈچۈمنى كۆرسۈن،
توڭلىغانلار ھوزۇرنى سۈرسۈن.





# بۇغدا كۆلى

ئەكس ئېتەر رىۋايەتلەردە،
چىرايىڭنىڭ نۇرلۇق تەسۋىرى.
چۈنكى سەن ——
ھاۋا ئانىنىڭ ئەينىكى ئەسلى.

سەن تارىختىن قالغان بۈيۈك كۆل،
يۇرتىمىزغا خالدەك ياراشقان.
ئەل سۆيۈنۈپ كەلگەن سېنىڭدىن،
شۇڭا سېنى ئەينەك ئاتاشقان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# دەريا سۈيى

سۇراپ كۆردۈم دەريا سۈيىدىن:
نېمە ئۈچۈن
سۈرىسەن مۇنداق شادلىقتىن ھۇزۇر ؟
جاۋاب بەردى: «چۈنكى مەن ئەلگە
توك يارىتىپ، بېرەلەيمەن نۇر.»

سۇراپ كۆردۈم دەريا سۈيىدىن:
«توختىمايسەن نېمىشقا ھەرئان ؟»
جاۋاب بەردى: «ئېتىزغا بېرىپ،
بەرمەكچىمەن مايسىلارغا جان.»



# کۆۋرۇك

كۇن بويى بېلىڭنى ئەگمەي تۇرسەن،
ساناقسىز كارۋانغا ئۆتەڭ بولسەن،
هارماسەن، كارۋاننىڭ هارماس يولى سەن؟

ـــ هارىمەن، هارغىنلىق هەممىگە ئوخشاش،
هارسامۇ بېلىمنى پەقەت ئەگكۇم يوق،
ئېگىلىپ نامىمنى خاراب ئەتكۇم يوق.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى تادرىسى

# سۇۋادانىنىڭ جاۋابى


سوراۋەردىڭ: «سەن نېمانچە ئېگىز ؟» دەپ،
ئۆرلەۋاتسام كۆك ئاسمانغا تەلپۈنۈپ.
سوراۋەردىڭ: «سەن نېمانچىلا تۈز ؟» دەپ،
ئەسقاتسام دەپ ياشاۋاتسام يەلپۈنۈپ.
سورىمىغىن يەنە: «نېچۈن يېشىل ؟» دەپ،
ئۆسكەن تۇرسام چىن دىلىمدىن يەر سۆيۈپ.



# مېتېئورىتنىڭ تاشقا ئېيتقىنى

مەنمۇ بىر چاغ ئەسلىدە،
خۇددى ئوخشاش سىلەرگە.
بىر تاش ئىدىم يوق ھېچ نام،
پەقەت ئاسمان قەھرىدە.

نۇردىن سىزىق تارتقاچقا،
قارايدىغان بولدى ئەل،
ماڭا باشقىچە تامام.



www.uyghurkitap.com

# چۈجە خورازلار

كىچىك ئىككى چۈجە خوراز،
سوقۇشماقتا قىزىرىشىپ،
يىقىلىپ - قوپۇپ قىلىپ چېلىش.

يۈز - كۆزىنى قانغا بوياپ،
پەقەت بىر تال دان ئۈچۈنلا،
لازىممىدى شۇنچە قىلىش؟



# سۈرەت ئاپپاراتى

تاغ ۋارقىرار:
«مەن چوڭ!» دەپ،
دېڭىز شارقىرار:
«مەن چوڭ!» دەپ.

مەن ئېيتتىمكى:
«تالاشماڭلار!
‹تىرىق› قىلىپ تارتسام ئىچىمگە،
ھەر ئىككىڭلار كىچىك بولۇپ،
نىگاتىپقا
سىغدىڭلار تەڭلا.



www.uyghurkitap.com





# دورىمايمەن قۇش باللىرىنى

سۆگەتتىكى ئۇۋىدا بىر توپ
قۇش باللىرى ئىڭراپ ياتىدۇ.
ئانىسىنى توۋلاپ هەر دائىم،
«يەم بەر!» دەپلا ئېغىز ئاچىدۇ.

ئۆگەنمەيمەن ئۇلاردىن هەرگىز،
مۇنداق ئوسال تەييارتاپلىقنى.
هەمدەم بولۇپ ئۆي ئىشلىرىغا،
ئۆگىنىمەن هالال ـ پاكلىقنى.


# مېكىيانچاق تۇخۇم تۇغدى

ۋاق - ۋاق - ۋاق،
ۋاق - ۋاق - ۋاق،
تۇخۇملىدى مېكىيانچاق.
بۇ قېتىم ئېلىپ نۆۋەت.
يىغىۋەرسەم تۇخۇمنى،
بولۇپ قالدى بىر سېۋەت.

سوۋغا قىلدىم مومامغا،
بۇ تۇخۇمنىڭ ھەممىنى.
توخۇملارنى يەپ مومام،
تىكلەپ قالدى قەددىنى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



# ئورمان

ئورمان گويا تەنھەرىكەت
مەيدانىكەن باشقىچە.
مايمۇن تورنىك ئوينىسا،
تىيىن سەكرەر قاشقىچە.

توشقان يۈگۈرۈش يولىدا،
ئېيىق بولسا ئوينار توپ.
شامال بىلەن بۇلۇتمۇ
كېلىشتى خۇشال بولۇپ.



# كۈز ياپراقلرى

تاڭ سەھەردە ئىشىك ئېچىپ، قارىسام مەن ھويلىغا،
پۈتكۈل ھويلا كۆمۈلۈپتۇ ئالتۇن ياپراق قويىنىغا.
دادام دېدى: «بۇ شامالدا چۈشكەن كۈزنىڭ باغىقى،
يېزىلىپتۇ ئاڭا تامام مول ھوسۇلنىڭ شادلىقى.»
تېرىپ ئالدىم تاللاپ يۈرۈپ ئەڭ چىرايلىق بىرىنى،
بىلدىم ئۈندىن مەن مومامنىڭ شادلىقىنىڭ سىرىنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرېسى



# سىم - سىم يامغۇر


تىك - تىك، تىك - تاك،
چىپ - چىپ، چىپ - چىپ.
كىمكىنە ئۇ
دېرىزە قاققان؟

«بۇ مەن بولىمەن،
سىم - سىم يامغۇرمەن.
باھار ھىدىنى
ئەينەككە چاچقان.»




# چوك ئاق غاز

بويـنـىنى سوزۇپ،
ئېيتار ئىرغاڭلاپ ئۆز ناخشىسىنى:
«غاق - غاق - غاق، غاق - غاق - غاق.
مەن قانداق گۈزەل،
نەدە بار دەيسەن،
مېنىڭكىدىن چوڭراق بىر تۇخۇم،
قېنى تېپىپ باق ... »



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى


بۇ ئاق غاز يوغان،
بويىنىنى سوزۇپ،
ئاشۇ گەپنى دەپ،
ماختاندى تىنماي.
بىردىن ئۇستى ئۇ،
ئاشۇدەم تامغا،
يىغلىدى شۇئان.
كاللىسىغا بىر مونەك ئۇندى،
«غاق» ساداسى تېخى پىسلماي.



# بىر گۈل باركى...

بىر گۈل باركى پۇراقسىز،
پۇتى يوقلا ماڭىدۇ.
قانداق گۈل ئۇ؟
قاراپ تۇر:

يامغۇر ياغدى،
گۈل ئېچىلدى،
چاچتى نۇر.
بىر - ئىككى - ئۈچ...
كوچىنى بىر ئېلىپ،
يالتىرىغان گۈل ئاشۇ.




ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# دېڭىز دولقۇنى

بىر قېتىم، يەنە بىر قېتىم،
مەيدىسىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ،
ئايلانماقچى بولىدۇ تاغقا.

بىر قېتىم، يەنە بىر قېتىم،
تىكلىنىپلا دەيدۇ: «مەن بۈيۈك»،
تىكلىنىپلا يىقىلىپ چۈشۈپ،
ئايلىنىدۇ دەرھال ماغزاپقا.





# كۆۋرۇك

موماملارنىڭ ئىشىك ئالدى بىر دەيا،
ئۇستىگە چوڭ مەزمۇت كۆۋرۇك سېلىنغان.
بۇ كۆۋرۇكتىن كۆرەتتىم مەن سۇلارنى،
ھەم بېلىقنى قارمىقىمغا ئىلىنغان.
بىزنىڭ ئۆينىڭ ئالدىدىكى كوچىغا،
يوغان ئاسما كۆۋرۇك چۇشتى بىر تۇتاش.
سۇئاقمايدۇ، ماشىنىلار ئاقىدۇ،
ئۇنىڭ ئاستى بولۇپ كېتەر ئالدىراش.

www.uyghurkitap.com

# كۆچەتلەر

كۆچەتلىرىم ئۆسمەكتە،
يېپىنىپ يېشىل لىباس.
كۈن نۇرىدا، شامالدا
ئۇسسۇل ئويناپ توختىماس.
سۇغىرىمەن ئۇلارنى،
قاغجىراتماي تويدۇرۇپ.
تېز چوڭ بولۇپ ئەسقاتسۇن،
قۇرۇلۇشقا لىم بولۇپ.





# كىچىك دوستلار ھىممىتى

بۇلۇت خېنىم قار چېچىكى تاشلىدى،
كەڭ زېمىنغا ئاپئاق يوتقان يېپىلدى.
كىچىك دوستلار تازىلىدى قارلارنى،
ئانا يەرنىڭ ئاي جامالى ئېچىلدى.
ئاپىرىن دەپ ئەل - جامائەت بۇ ئىشقا،
ئۆزلىرىمۇ چىقىپ سەپكە قېتىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى



# ھەسەل ھەرىسگە



— سەن چىقارغان ھەسەللەر
نېچۈن تاتلىق شۇنچىلا؟
— چۈنكى ھەردەم ئەگىيمەن،
تاتلىق چېچەك ـ گۈلنىلا.
— گۈلگە ئاشىق كېپىنەك،
بەرمەس ھەسەل نېمىشقا؟
— چۈنكى ئۇنىڭ قەلبىدە،
يالغۇزغىنا ئۆزى بار.

# ئالا كۈچۈك

ئالا كۈچۈك ـ ئالا كۈچۈك،
بەك ئەدەپلىك، هوشيار ئۇ.
مېهمان كەلسە ئەڭ بۇرۇن
چىقىپ ئەھۋال سورايدۇ.

ئالا كۈچۈك ـ ئالا كۈچۈك،
ئادەم كۆرسە قاۋايدۇ.
ئىگىسىنى مېهماندىن
هېچ بىخەۋەر قويمايدۇ.
مەن ئۇنىڭدىن ئۆگىنىپ،
ياخشى بالا بولىمەن.
مېهمان كەلسە ئالدىغا،
چاي هەم مەزە قويىمەن.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# بۇلۇتلار

ھاۋا ئىسسىپ، جىمىكى جان قاغجىرىغاندا،
مەردلىك بىلەن سالقىن يامغۇر تۆكەر بۇلۇتلار.
كەڭ زېمىننى يۇيار پاكىز، جاھان رەڭ ئېلىپ،
گۈل - گىياھلار ھۇزۇرلىنىپ دەرھال ئويغىنار.

سوغۇق قىشتا جىمىكى جان تىترەپ تۇرغاندا،
قار چېچىكى تاشلار ھارماي سېخىي بۇلۇتلار.
ئاق چېچەكلەر يوتقان بولۇپ ياپقاچ ھەممىنى،
تاغۇ دالا ۋە دەريالار راھەتتە ئۇخلار.





# كىرپە

سان ـ ساناقسىز تىكەن تۇرسا كىرپىجاننىڭ تېنىدە،
ئانا قانداق قۇچاقلايدۇ ئۇخلاتقاندا ئىنىدە؟
ئۇخلىتىشتا ئانىسىنىڭ قۇچاقلىشى بىھاجەت،
خورەك تارتىپ ئۇخلاۋېرەر كىرپىجانلار بىتاقەت.

www.uyghurkitap.com

# خېمىر قونچاق

ئايگۈل بىر كۈن خېمىر بالا ياسىدى،
قاملاشتۇرۇپ كۆزى، بۇرنى، يۈزىنى.
چىقارمىدى ئېغىزىنىڭ ئىزىنى.
دادىسى:
«ئاغزى قېنى؟» دېدى قىسىپ كۆزىنى.
ئايگۈل دېدى: «خېمىر تۇرسا ئۆزىمۇ،
ئېغىز قويسام يەپ قويامدۇ ئۆزىنى!»





# سىم - سىم يامغۇر

سىم - سىم يامغۇر ـــ
بۇلۇت ھەدىسىنىڭ
يەرگە چاچقان ئاھاڭ نوتىسى؛
يېزىۋالار ئۈنى زېمىننىڭ
تەشنا بولۇپ تۇرغان توپىسى.

ئۈنى غىدىقلار،
گۈزەل، ياڭراق «باھار ۋالسى»؛
ئۆز نۇرىدىن
ئالتۇن تار ئېشىپ،
چالدۇردۇ شامال سازچىغا،
بۇ ۋالسنى قۇياش دادىسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

# ئۇياتسىز ئۆچكە

چوڭ بىر تۇتام ئاق ساقىلى تۇرۇپمۇ،
ئۆچكە دېگەن پەقەت نومۇس قىلمايدۇ.
بىر نەچچە تال كۆك بېدىنى كۆزلەپلا،
بالىلارنى «ئانا!» دەپلا توۋلايدۇ.





# يامغۇر

ئاق بۇلۇتلار، قارا بۇلۇتلار
كەڭ ئاسماندا تىنماي ئۇرۇشتى.
گۇلدۇرلىشىپ، تارتىشىپ نەررە،
بىر - بىرىنى تازا قويۇشتى.

ئاق بۇلۇتنىڭ يۇزى كۆكىرىپ،
قارىسىنىڭ بۇرنى پۇكۇلدى.
كېيىن پۇشمان قىلىشتى بولغاي،
تارام - تارام يېشى تۆكۇلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېگىي ئادرېسى


# كۆلكىلىك ئەينەككە

ھەي سەن ئەينەك، بولساڭ سېھىرلىك،
قىلالامسەن چوڭلارنى كىچىك؟
ئۇنداقتا دەل تاتلىق ئانامنى
قىلىپ قويغىنا مېنىڭ بىلەن تەڭ.
ئانام كىچىك بولۇپ قالسىلا،
بىللە ئوينار ئىدى مەن بىلەن.




# شارقىراتما

قالتىس چوڭ بىر
شارپىدەك،
تاغ بېشىدىن
ساڭگىلاپ،
يايدىڭ سەن ئېتەك.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى





# مۇز گۈللىرى


قارا قىشنىڭ شامىلى
ئۇستا رەسسام بەك ئۇستا.
دېرىزە ئەينەكلىرىگە
رەسىم سىزار ھەر نۇسخا.

شامال سىزغان رەسىمگە
قۇياش بودەك بەك ئامراق.
ئېلىپ كېتەر ھەممىنى،
تۇرغۇزماستىن ھېچ ئۇزاق.

# رەڭلىك قەلەملەر

كىچىككىنە بىر ئۆيدە،
باردۇر ئون ئىككى بالا.
بويلىرىدا ئون ئىككى رەڭ،
كىيىم بار تالا- تالا.

ئۇلار مېنىڭ دوستلىرىم،
رەسىم سىزىشىپ بېرىدۇ.
سىزغان گىياھ، قۇشلىرىم
لايىق رەڭگە كىرىدۇ.
دوستلىرىم ماختار ھەدەپ،
بولۇپ قالدىڭ رەسسام دەپ.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



# دادامنىڭ بولقىسى

كىچىككىنە بولقىسى بار دادامنىڭ،
سەل قارىماڭ ئاشۇ ئاددىي سايمانغا.
داۋان ئاتلاپ، تاغ كەزدى ئۇ ئۇزاق يىل،
ھەممە يەردە ھەمراھ بولدى دادامغا.
سورىسىڭىز خاسىيىتى نېمە دەپ،
ئۇ كان تېپىش، كان قېزىشنىڭ ماھىرى.
تاپالايدۇ ئالتۇن، كۈمۈش، تۆمۈرنى،
كان بولىدۇ ئىزى قالغان تاغلىرى.






# قىش بوۋاينىڭ جازاسى

بىزنىڭ ئەخمەت دېگەن هاماقەت،
قىلماق بولدى قىشتا نوچىلىق.
تۇمىقىنى كىيمەي تالاغا
قېچىپ چىقتى ئىشىك ئارقىلىق.
تۇماق كىيگىن دېدى قىش بوۋاي،
قالمىسۇن دەپ ئۇنى زۇكامداپ.
ئاڭلىمىدى، بوۋاي ئاچچىقلاپ،
قىزارتىپ قويدى بۇرنىنى چىمداپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# گۈلزار ناخشا ماكانى

قۇياش نۇرى ــ باس ئىسكىرىپكا،
باغدا گۈللەر ــ ناخشا چولپىنى.
گۈللەر كۈلۈپ ئېيتىشار ناخشا،
باھارقىزى چالسا دۇتارنى.





# ياستۇقۇم


مېنىڭ كىچىك ئوماق ياستۇقۇم،
ھەمرا بولار كەلگەندە ئۇيقۇم،
ئېيتىپ بېرەر قىزىق ھېكايە.
ئانام ئېيتىپ بەرگەن چۆچەكنى،
ئۇخلاپ قالسا ئانام مۇبادا،
شۇ ياستۇقتىن ئاڭلايمىكىن - يە!

ئۇيغۇر كىتاب تورپېتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



# ئاپتاپپەرەس

ئاپتاپپەرەس ئانىنىڭ
بالىلىرى بەكمۇ كۆپ.
تۇتاش قاتار ئۆيلەردە
بىللە ياشار ئۆملىشىپ.



# شامال

ياز كۈنلىرى
قېلىن قىلىپ سەن دەرەخلەرنى،
يېشىل تونغا ئوراپ قويسەن.
قىش كۈنلىرى
يالىڭاچ قىلىپ،
سوغ گۈمبەزگە سولاپ قويسەن.
هەي، شامال هەي،
نىيىتىڭ ئالا،
بۇ ئويۇندىن قاچان تويسەن؟



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



# ئوبدان بالا

ئەسەر يازسا دادىسى،
كۆڭلەك تىكەر ئانىسى.
ئەخمەت خۇشال ئوينايدۇ،
يىغلاپ قەغىش قىلمايدۇ.
چىقىپ كېيىن كارىۋاتقا،
تاتلىقىنا ئۇخلايدۇ.




# توز

ھايۋانات باغچىسىغا قارىساڭ،
توزنىڭ كىيگەن كىيىمى ئەڭ چىرايلىق.
بەس - بەس بىلەن ماختىنىشىدۇ ھەممەيلەن،
بۇماختاشلار توزغا كېلەر بەك لايىق.

بۇنى ئاڭلاپ ئەخمەت دەرھال قىزاردى،
قىزارتقىنى ئۇنىڭ كىيگەن كىيىمى.
مەينەت ئىدى قارىغۇسىز دەرىجىدە،
كىيدۇرۇلگەن بولسىمۇ كىيىم يېڭى.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى



# كۆچ ـ بىرلىكتە

قوڭغۇز يوغان،
چۈمۈلە كىچىك،
چۈمۈلىلەر قوڭغۇزنى ئەمما
سۆرەپ ماڭار ئىنى تەرەپكە.
نېمە ئۈچۈن؟
جاۋابى مۇنداق:
ئىش ئۆملۈكتە، كۈچمۇ بىرلىكتە.


# سۉپۉرگە يۇلتۇز

هەي، سەن راستتىنلا
ئۆتۉپ كەتكەن ئويۇنچى.
دىجورنىلىك كەلگەندە كۆكنى،
سۉپۉرىسەن بەكمۇ ئالدىراپ؛
سۉپۉرگەن جايىڭ بولماس پاكىز،
قالار نۇرغۇن قەغەز پارچىسى
ھەممە يەردە پىلىلداپ قاراپ.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى





# يۇلتۇزلار

سېمىز قوياش،
بەكلا جاپاكەش؛
ھېرىپ- چارچاپ يۈرەر كۈن بويى.
تۆككەن تەرلىرى
يۇلتۇز بولۇپ قالىدۇ ئۇنىڭ،
كېچىلىرى چاقنايدۇ نۇرى.

# تاماق تاللىماڭ

مەيلى گۆشلۈك
يا گۆشسىز،
مەيلى سۈيۈق
يا قويۇق،
يەۋېرىمەن پەرقى يوق.
تاماق تاللاپ ئولتۇرماي،
يەۋەرسىڭىز تارتىنماي؛
ساغلام بەدەن بولىسىز،
بىر ئاجىز بولۇپ قالماي.




www.uyghurkitap.com

# ئەخمەت تاغقا ياماشتى

كىچىك ئەخمەت جۈرئەتلىك
بۈگۈن تاغقا ياماشتى.
تاغقا چىقىپ:
«ھەي ئانا،
تاغ قېنى؟ ئۇ نەدە؟» دەپ،
ھەيران بولۇپ گەپ ئاچتى.

تاغ بولسا قالغان ئىدى،
ئۇنىڭ ئاياغ ئاستىدا،
كۈلكىسىنى ئاران بېسىپ،
سۆيۈنگەندەك ياتاتتى.



# قش پەسلدە دەرەخكە

هاۋا شۇنداق سوغۇق تۇرسا،
كيىم كيىمەمسلەر زادى؟
زۇكام بولۇپ قيلىشتىن
ئەيمەنمەمسلەر زادى؟
مۇنداق ئوسال خۇيۇڭلارنى
مەن هەرگىز ئۆگەنمەيمەن.
سوغۇقتا بولۇپ بىتاپ،
ئاتا - ئانامنى ئەنسىرىتىپ،
دوختۇردا يۇرمەي دەيمەن.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

# قوزىچاق


كىچىك قوزا ئىنىماي مەرەيدۇ،
چېپىپ يۈرۈپ بەكمۇ ئەنسىرەپ.
دېدىم ئاڭا:
قوزىچىقىم مەرەۋەرمىگىن،
مەن ئوت بېرەي ساڭا تويغۇچە،
ئانا بولۇپ باقاي پەپىلەپ.





# ھەسەن ـ ھۈسەن

شامال كەتتى، يامغۇر توختىدى،
بالىلار ئۆي ـ ئۆيلەر ئارا.
قۇياش بودەك ياسىۋەتكەندە
رەڭدار يادەك ھەسەن ـ ھۈسەننى،
ئۆيلىرىدىن چىقتى بالىلار.



# ئەينەك

پاكىز ــ تازا بالىلار
ئەينەككە كېلەر ئامراق.
چۈنكى كۆرۈنەر ئۇلار،
چىرايلىق ۋە پاكىزراق.

مەينەت ـ قاسماق بالىلار
ئۆچ كېلىدۇ ئەينەككە.
چۈنكى سەتلا بىر چىراي
كۆرۈنىدۇ ئەينەكتە.





# ئاي ھەدە

هېكايىچى ئاي ھەدەم،
ئېيتتى بولغاي بۈگۈنمۇ
شۇنداق قىزىق بىر چۆچەك.
شۇڭا سانسىز يۇلتۇزلار،
مۆلدۈرلىتىپ كۆزىنى،
كۆڭۈل قويۇپ تىڭشاپتۇ،
ئاي ھەدەمنى چۆرىدەپ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# سېرىق ياپراقلار

ساپسېرىق ۋە نۇرلۇق كۆز ياپراقلىرى
ساناقسىز تىللادۇر تۆكۈلگەن گويا.
ئۇ بولغان تەسەللى زېمىن ئانىغا،
مەرد پەسلى ياراتتى ئالتۇن رەڭ دۇنيا.
باھاردا زېمىنگە بەرگەن ۋەدىسى
نەقلەشتى ئاخىرى شۇنچىلىك لىللا.



# پەسىل ناخشىسى

قىش ئاق قەغەز سۈتتەك پاكىزە
باھار يېشىل رەڭلىك بىر ھايات.
بەس - بەس بىلەن ئوقۇيمىز يازدا،
كۈزدە بولسا كۆپتۈر ھاسىلات.



GUZAL YAYLAK

# يەلكەن

كىيىپ ئۇزۇن ئاق كۆڭلەك،
تۇتۇپ ئۇزۇن قەلەمنى؛
قىز چىقىپتۇ دېڭىزغا،
لەپىلدىتىپ ئەلەمنى.
قىز دەپتۇ: «دولقۇن ئارا،
تەرجىمە قىلىمەن دېڭىزنى.»
قايتاشىدا ئېلىپ كەپتۇ،
راستتىنلا بىر توپ شېئىرنى.



www.uyghurkitap.com